# ئوتلاق يېشىللاشتى چارۋىچىلىق كۈچەيدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، چارۋىچىلىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش باقمىچىلىق ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ تۈرتكە بولۇپ، ئوتلاقنىڭ بەرداشلىق بېرىش بېسىمىنى يەنىمۇ يېنىكلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

## پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېتەكلەش تىپ ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش قاتارلىق سىياسەتلەرنىڭ تېز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن چارۋىچى قامچىنى تاشلاپ، سۇ، ئوت - چۆپ قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلماستىن بەلكى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا ئوت - چۆپ تېرىپ، ماللىرىنى قوتاندا باقىدىغان بولدى، چارۋىچىلىق يېرىك باقمىچىلىقتىن تۈجۈپەلەپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، يېشىل، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات يولىغا ماڭدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز چارۋىچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى، ھەرقايسى ھالقىلاردىكى پەن - تېخنىكىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارى بارغانسېرى كۈچەيدى.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، توقسۇ ناھىيەسى ئىنچىكىرىق بازىرى ئويباغ كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ يۈگۇجۈن چارۋا مال دوختۇرىنى باشلاپ، كالا باقىدىغان ئائىلىلەرگە تېخنىكا يەتكۈزدى، مۇلازىمەت يەتكۈزدى. كەنت ئاھالىسى تۇرغۇن نىياز مىننەتدارلىق بىلەن مۇنداق دېدى: «دۆلەتنىڭ باقمىچىلىق سىياسىتى ياخشى، بىز نەسلىنى ياخشىلاش، ئىنچىكە باقمىچىلىق قاتارلىق زامانىۋى كالا بېقىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالدۇق، تۇرمۇشىمىزمۇ ‹قالتىس› بولۇپ كەتتى.» توقسۇ ناھىيەسى «كالىنى كۆپەيتىش قۇرۇلۇشى»نى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، تېخنىكا كېڭەيتىش، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەش سالمىقى زورايتىلغاچقا، پۈتۈن ناھىيە بويىچە كالىنىڭ قوتان قالدۇق سانى 2017 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 30 مىڭدىن بۇ يىلىنىڭ ئاخىرى 150 مىڭغا كۆپىيىدۇ.

«بىز قاراقاش ناھىيەسىدە شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۈرگەن كۆپ تۆللۈك گۆش قويىنىڭ تۆللەش نىسبىتى يەرلىك قويىنىڭكىدىن بىر - ئىككى ھەسسە يۇقىرى، يەككە ئېغىرلىقى ئون كىلوگىرامدىن يۇقىرى. ئۈنۈمى، پايدىسى يۇقىرى بولغاچقا، دېھقانلار ئېتىراپ قىلدى، بىز دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى 200 مىڭ تۇياققا كېڭەيتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىمىز» دېدى شىنجاڭ ۋەنفېڭ چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى جىي خۇەنجۈڭ.

بۇ يىل يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىز چارۋىچىلىقىنىڭ قوتان قالدۇق سانى، قوتاندىن چىقىرىش سانى يەنىلا ئاشتى، قۇش گۆشى مەھسۇلات مىقدارى بىرقەدەر تېز ئاشتى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە چوشقا، كالا، قوي، ئۆي قۇشلىرىنىڭ قوتان قالدۇق سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.9%، قوتاندىن چىقىرىش سانى 4.6% ئاشتى؛ گۆش مەھسۇلات مىقدارى 771 مىڭ 200 توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 0.1% ئاشتى.

## كەسىپلەرنى يۇغۇرۇش زەنجىرنى ئۇزارتىش

چارۋىچىلىق كەسپى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ نەتىجىسى شۇكى، چارۋىلار ئازايدى، ئوتلاق يېشىللاشتى، ساياھەتچىلىك گۈللەندى، كەسىپلەر كۈچەيدى، چارۋىچىلار بېيىدى.

مۇخبىرلارنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئىلى ئوبلاستى چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيەسى چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى پائال كېڭەيتىپ، «چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆپەيتىش، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بورداش»نى تۇتقا قىلىپ، «كىچىك چارۋىنى چوڭ چارۋىغا ئالماشتۇرۇش» مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىپ، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى سىجىل ياخشىلىغان. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئىلى ئوبلاستىغا بىۋاستە قاراشلىق جايلارنىڭ گۆش مەھسۇلات مىقدارى، سۈت مەھسۇلات مىقدارى، تۇخۇم مەھسۇلات مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىرەدەك ئاشقان.

«ھازىر، باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە باقمىچىلىق ئائىلىلىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپ، بېقىلىۋاتقان چارۋىلارمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ، ئەمما ئوتلاقلار يەنىلا ياپيېشىل، كالا ۋە سۈتنىڭ باھاسىدىنمۇ مەن ناھايىتى رازى» دېدى غۇلجا شەھىرىنىڭ پەنجىم بازىرى ئوتتۇرا پەنجىم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئاتىكەم ئابدۇرېھىم. ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئىنەك ئەمدىلا موزايلىغانىدا، بەزىلەر 10 مىڭ يۈەنگە سېتىۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ھەر ئايدا سۈت سېتىپلا كىرىمنى 3000 يۈەن ئەتراپىدا ئاشۇرالايدۇ.

يېقىندا ئاپتونوم رايونىمىز «شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى چىقىرىپ، كەسىپ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، چارۋىچىلىقنىڭ پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىپ، 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، چارۋىچىلىقنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چارۋىچىلىق چوڭ رايوندىن كۈچلۈك رايونغا ئۆزگىرىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

بۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، شىنجاڭ كۈنلۈن لۇيۈەن باقمىچىلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى خوتەن ۋىلايىتىدىكى توشقان باقمىچىلىق تۈرىدە، بۇ يىل 11 باقمىچىلىق بازىسىدا يىللىق قەپەستىن چىقىرىلىدىغان توشقاننى 19 مىليونغا يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى ۋە توڭلىتىلغان توشقان گۆشى، توشقان تېرىسى ئويۇنچۇقى، بىيولوگىيەلىك دورا ياساش، توشقان مايىقى ئورگانىك ئوغۇتى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ، كەسىپلەرنى يۇغۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، توشقان باقمىچىلىقى تۈرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېزا - كەنتلەردە ماكانلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## مەنپەئەتنى چېتىش كىرىم ئاشۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش

چارۋىچىلىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ۋە يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار كارخانىلار بىلەن نامرات ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئەتنى چېتىش مېخانىزمى ئۈستىدە پائال ئىزدەندى.

لوپ ناھىيەسى خېتيەنشىيا كەپتەرچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ بىر نەسىل يېتىشتۈرۈش مەيدانى لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرىدىكى باشقا جايغا كۆچۈرۈش نۇقتىسى بولغان خېيجياشىن كەنتى ئەتراپىدا قۇرۇلدى. كەنت ئاھالىسى نۇرمەمەت ئابلىز خوتۇنى بىلەن بىللە بۇلتۇر 6 - ئايدا بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىدى، ئائىلىق كىرىمى جەمئىي 5000 يۈەن بولۇپ، شۇ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

لوپ ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى تاۋ يۈڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: لوپ ناھىيەسى كەپتەرچىلىك كەسپىنى زورايتىش جەريانىدا، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى بىرىكتۈرۈپ باشلامچى كارخانىلارغا سېلىپ ياكى كەپتەر بېقىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇپ، مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقىنى نامرات ئائىلىلەرگە مىقدارلاشتۇرۇپ بەردى؛ ياكى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پايدا تەقسىملەشتە تولۇقلىما ئورنىغا مۇكاپات بېرىش، ئىش تېپىپ بېرىش يولى بىلەن يۆلەش، ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورنى تەسىس قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى.

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش، ئېكولوگىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ھويلا - ئارامنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق نامراتلارنى يۆلەش شەكلى ۋە خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست چارۋىچىلىقتىكى باشلامچى كارخانىلارنى جەلپ قىلىپ، زور بىر تۈركۈم چارۋىچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى ۋە باقمىچىلىق ماھىرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بارغانسېرى كۆپ دېھقاننىڭ باقمىچىلىق ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرۇش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولدى.

«بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ قوي گۆشىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، لېكىن ئىلگىرى كەسىپ شەكىللەندۈرۈپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش تەس ئىدى. بۇلتۇر ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى ھەم كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مەنپەئەت چېتىش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، قوي گۆشىنىڭ سۈپەتلىك ماركا ئۈنۈم ئېففېكتى دەرھال نامايان بولدى، باقمىچىلىق ئائىلىلىرىنىڭ كىرىممۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاشتى» دېدى شايار ناھىيەلىك تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يەن يەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«جىغان سۇ مەنبەسىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئوغۇتنى ساقلايدۇ، ئېكولوگىيەسى ئاجىز رايونلارنىڭ مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە، جىغان مېۋىسىنىڭ يەنە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بار.» ۋۇ چېڭشەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: 2010 - يىلى مەن جىغان دەرىخى تىكتىم. ئالدىنقى ئۈچ يىلدا ھەر مو يەرگە 200 يۈەن ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلدى، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئائىلىمىز ھەر يىلى نەچچە يۈز تونىنا جىغان ھوسۇل ئالدۇق، پىشقان جىغاننى ئىچىملىك، يېمەكلىك شىركىتىگە بىۋاستە ساتتۇق.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىلگىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قۇم ئۇچۇپ يۈرىدىغان قۇملۇق تۇتاش كەتكەن ئورمانلىق، ساغلام جىغان، تېرەكلەر بىلەن قاپلاندى. يىراقتىكى چۆللۈك بىلەن يېقىندىكى يېشىل رەڭلىك قۇم مۇداپىئە بەلبېغى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ھەر يىلى 1 مىليون ئادەم قېتىمغا يېقىن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

سۇلۇق يەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئېكولوگىيەنىڭ ياخشىلىنىشى باغ - ئورمان تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، يەنە مېۋە - چېۋە كەسپىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى. ئويماق بازىرىنىڭ توقمىتى كەنتىمۇ توقمىتى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىغا يېقىن قوشنا بولۇپ، كەنت ئاھالىسى ياۋ جۈشياڭ «قاناس قوغۇنى» تېرىيدىغان دېھقان ئىدى. «بىزنىڭ بۇ ئەتراپنىڭ سۇ سۈپىتى ياخشى، كۈن نۇرى يېتەرلىك، قوغۇننىڭ سۈپىتى ياخشى» دېدى ياۋ جۈشياڭ. بۈگۈنكى كۈندە، «قاناس قوغۇنى» تېرىقچىلىق كۆلىمى ئەڭ دەسلەپكى 200 مودىن 2000 موغا تەرەققىي قىلدى. ھوسۇل پەسلى يېتىپ كەلگەندە، كەنت ئاھالىلىرى كەنت ئېغىزىدا يايما يېيىپ ساتتى، بۇ يەر ئۆتكەن - كەچكەن ساياھەتچىلەر تەرىپىدىن «لەززەت ئۆتەڭى» دەپ ئاتالدى.

خاس تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپ كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. توقمىتى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جوۋ لى ئاشپەزلىك قىلىپ باققان، ساياھەت يېتەكچىسى بولۇپ باققان. ئۈچ يىل ئىلگىرى، ئۇ كەنتتە دېھقانلار ئارامگاھى ئاچتى. «توقمىتى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىغا بېرىپ قۇشلارنى تاماشا قىلىپ ساياھەت قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ سودىسىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى» دېدى جوۋ لى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيەسى ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتتى، نۆۋەتتە پۈتۈن شىنجاڭدىكى 600 خىلدىن ئارتۇق ياۋايى قۇش تۈرى ئىچىدە بۇرچىندا ياشاشنى تاللىغان قۇش 300 خىلدىن ئاشتى. ھەر يىلى، توقمىتى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىغا كېلىدىغان پەسىل قۇشلىرى نەچچە ئونمىڭغا يېتىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرى بىرلىكتە كوللېكتىپ دىياگنوز قويۇپ باھالاش ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىۋېتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. بۇلار، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا تۇنجى تۈركۈمدە دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لۇ چېن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئالتە نەپەر ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىپ، تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا دۆلەتنىڭ 7 - نۇسخىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، بىرخىللاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى تەڭ قوللىنىپ ئۇنىۋېرسال داۋالاپ، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى. يۇقىرىقى ئاغرىق مىساللىرى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر - سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، ئۇدا ئىككى قېتىم ھەم ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولدى.

ئالتە نەپەر ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي داۋالاش - قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆزىتىپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 - نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىۋېتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئويلىمىغان يەردىن 1 مىليون 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قايتۇرۇلغان باج پۇلى ۋاقتىدا ھېساباتقا كىرىپ، جىددىي قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلدى».

بۇ يىل 3 - ئايدا، سۇن خۇيلى قايتۇرۇلغان باج پۇلنىڭ ۋاقتىدا ھېساباتقا كىرىش - كىرمەسلىكىدىن بىرمەھەل ئەنسىرىگەنىدى، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارىتى بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، بىر مەزگىل مەبلەغ ئايلاندۇرۇش تەسكە توختىدى. «ئويلىمىغان يەردىن باج تارماقلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېنى ئىزدەپ كېلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بەردى» دېدى سۇن خۇيلى.

بۇ يىلدىن بۇيان، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، تەرەققىياتقا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشۇشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان كۆپ تۈرلۈك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش، بازار ئىجازىتى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، قاراتمىلىق ھالدا كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

باجنى كېمەيتىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باج تارماقلىرى تۇققۇز تۈرلۈك كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى، 13 تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللاش سىياسىتى ۋە 15 تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئارقا - ئارقىدىن تۈزۈپ چىقاردى ھەم ھەممىسىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى. 1 - ئايدىن 4 - ئايغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن باج، تۆۋەنلىتىلگەن ھەق 3 مىليارد 735 مىليون يۈەن بولدى. ھەقنى تۆۋەنلىتىش جەھەتتە، كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، تۇرالغۇ ئاممىۋى فوندىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇرۇش، ھەق ئېلىنىدىغان تاشيوللاردا يۈرۈش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش، كارخانىلار ئىشلىتىدىغان توك، گازنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت بېسىمىنى يېنىكلەتتى؛ پۇل مۇئامىلە بىلەن قوللاش جەھەتتە، ئاز سوممىلىق قەرز پۇل، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كېپىللىكى، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىجارىچىلىكى، گۆرۈ قاتارلىق يەرلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇشنى ھەقىقىي ھەل قىلدى.

## «بىر كارخانىغا بىر تەدبىر قوللىنىپ» قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش

كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، سىياسەت ۋە مۇلازىمەتنى كارخانىلار جىددىي ئېھتىياجلىق ئورۇنغا يەتكۈزۈش مىليونلىغان «ئىقتىسادىي ھۈجەيرە»لەرنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

يېقىندا، بىر مەيدان «بولۇت بىۋاستە كۆرسىتىش» شىنجاڭ كاڭرۇنجىيې مۇھىت ئاسراش پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىگە ئۈمىد بېغىشلاپ، سېتىشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كارخانىنى قايتىدىن ئىشەنچكە ئىگە قىلدى. «تۇنجى قېتىم يېڭى ماتېرىيال مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاستە كۆرسىتىش ئارقىلىق، سۈپەتلىك ماركىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ تورداشقا شىنجاڭنىڭمۇ بىيودېگراداتسىيە ماتېرىيالى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلدۇق» دېدى بۇ شىركەتنىڭ بازار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ۋەن جيەنيۈڭ.

كارخانىنىڭ تەلىپىگە قارىتا، ئالاقىدار تارماقلار مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن كارخانىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، بىر مەيدان يېڭى ماتېرىيال مەھسۇلاتلىرىنى توردا بىۋاستە كۆرسىتىش پائالىيىتى شۇنىڭ بىلەن بارلىققا كېلىپ، كارخانىنىڭ سېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

بۇنىڭغا ئوخشاش قاراتمىلىقى بار ياردەم بېرىش - يۆلەش ئايرىم مىسال ئەمەس. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئۈنۈمى، رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەتتىكى قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى جايلار تېخىمۇ دەل جايىدا بولغان بېجىرىشكە ياردەم بېرىش مۇلازىمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئۆز ساھەسىدىكى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كارخانىلارغا تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، «بىرگە بىر ياردەم بېرىش» «نۇقتىدىن نۇقتىغا» مۇلازىمەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئالاقىدار سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى ئىلتىماس قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان، كارخانىلارنى يۆلەيدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ خام ماتېرىيال قىس بولۇش، مەبلەغ ئايلاندۇرۇش قىيىن بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش، توشۇش تەننەرخى يۇقىرى بولۇش قاتارلىق رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

«بىر كارخانىغا بىر تەدبىر قوللىنىش»تا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر» مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىز ئۈزلۈكسىز كۈچ توپلاپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە.

## بازار سۇبيېكتى ئۈچۈن «باغلاقنى بوشىتىش» «توسالغۇلارنى تازىلاش»

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، سانجى دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونىدىكى شىنجاڭ خۇيتېڭ سولياۋچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ تۈر قۇرۇلۇشى نەق مەيدانىدا، قاتتىق دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنغان قېزىش ماشىنىسى، قوزۇق قېقىش ماشىنىسى، چىڭداش ماشىنىسى ئۆزلىرىنىڭ «بازا»سىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، ئىككى ئۆلچەملەشكەن زاۋۇت بىناسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈپ بولغانىدى. بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى جوۋ پېشۆ مۇنداق دېدى: «يۇقۇمنىڭ تەسىرى ئالدىدا، باغچە رايونى تەرەپ ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىش، جىددىي ئىشنى جىددىي بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدىلا بارلىق ئىش باشلاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولدى، يەنە تۈرنى ئالغا سىلجىتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بەردى، رەسمىيەت بېجىرىش ۋە تۈر قۇرۇلۇشىدا ئازراقمۇ ئارتۇق يول ماڭمىدۇق».

كارخانىلارغا كىرىپ غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، كارخانىلارنىڭ بېسىمىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىپ، بازار سۇبيېكتى ئۈچۈن «باغلاقنى بوشىتىش» «توسالغۇلارنى تازىلاش». يۇقۇمنىڭ تەسىرى ئالدىدا، ئاپتونوم رايونىمىز زىچ تەدبىر قوللاندى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پائال ھەرىكەتكە كەلدى.

باج تارماقلىرى باج ئىشلىرىنى بېجىرىش مۇلازىمەت سالمىقىنى داۋاملىق زورايتىپ، «بىر كارخانىغا بىر تەدبىر قوللىنىش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ باج پۇلىنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، تاپشۇرۇش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش، ئىلتىماس قىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلارغا «يېشىل يول» ئېچىپ بېرىپ، كارخانىلارنىڭ قىيىن نۇقتا، توسۇق نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، باج تاپشۇرىدىغان كارخانىلارنى ئېتىبار سىياسەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن قىلىپ، سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلدۇردى.

سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تارماقلىرى بۇ يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون چىقارغان ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى قوللايدىغان 16 سىياسەت تەدبىر، سانائەتنىڭ ئىشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى ۋە رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان 20 سىياسەت تەدبىر ھەم يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى قوللايدىغان 24 سىياسەت قاتارلىقلارنى ئىنچىكىلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، سىياسەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى نىسبىتىنى داۋاملىق نىشانلىق تۆۋەنلىتىش، تەكرار قەرز بېرىش قاتارلىق سىياسەت تەدبىرلەر ئارقىلىق، كرېدىت مەبلىغىنى ئەمەلىي ئىقتىساد، بولۇپمۇ كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا يېتەكلىدى.

ئىسلاھات پايدىسىنىڭ سىجىل قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى پۇختا ئەمەلىيلىشىپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىش ئىشەنچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچى سىجىل قويۇپ بېرىلدى.